

# گيلاڭ بلەن لونا

# گيلاڭ بلەن لونا



مىللەتلەر نەشرياتى

بېيجىن - 1957

## كىرىش سۆز

تەيۋەننىڭ يۇسەن تېغى ئېتىگىدىكى گاۋشەن مىللىتىدىن چىققان ياش گىلاڭ بىر چوڭ سومرۇغ قۇشنى ئېتىش ئارقىلىق ياش قىز لونا بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. كېيىن تاغ ئىچىدىن بىر چوڭ ئەژدەرھا چىقىپ ئەلنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. گىلاڭ بۇ ژىرتقۇچنى يوقۇتۇش ئۈچۈن بارىدۇ. لېكىن قايتىپ كەلسە لونانى قاراقچىلار ئېلىپ كېتىپتۇ. گىلاڭ ئاتلىق نەچچە كېچە-كۈندۈز ئۇلارنى قوغلاپ لونانى قۇتقۇزۇۋېلىپتۇ. لېكىن قاراقچىلارنىڭ كۈچى ئارتۇق بولغانلىقتىن گىلاڭ بىلەن لونا تاغ ئىچىگە يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار يۇسەن تېغىغا چىقىپ ئەژدەرھانىڭ بېشىنى تاغ باغرىغا تاشلاپ، دۈشمەننىڭ يولىنى توساپ قويۇپتۇ. قاراقچىلار ئۇلارنى قوغلاپ كېلىپ ئەژدەرھانىڭ بېشىنى ئۆڭكۈر دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئەمدىلا كىرىشىگە ئەژدەرھانىڭ ئاغزى ژۇمۇلۇپ تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ گىلاڭ بىلەن لونا خەۋپتىن ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۇلار ئىككىسى شۇندىن باشلاپ تاغدىن تۆۋەن چۈشمەپتۇ.

بۇ كىتاب ئاق كۆڭۈل بولۇشنى ۋە باتۇرلۇقنى تەسۋىرلەپلا قالماي، ياشلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇش ئىستەش ئىستەكلىرىنىمۇ كۈچلۈك ئەكس ئېتىپ بېرىدۇ.



ئىگىز يۇسەن تاغلىرى بۇلۇتقا پاتقان،
ئاق بۇلۇتلار قەۋەتلەپ باغرىنى ياپقان.
شاماللاردا يەلپۈنۈپ مايسا - چېچەكلەر،
جىلغىلاردا كۈمۈش سۇ پارقىراپ ئاققان.



تاغنىڭ شەرقىي ئىتىگىدە كىچىك بىر كەپە،
گېلاڭ دېگەن بىر ژىگىت ياشايتتى ئاندا؛
ماھىر مەرگەن ئىدى ئۇ، ئوقيا ئېتىشتا،
نىشانىغا تەككۈزەتتى ھەر بىر ئاتقاندا.



تاغنىڭ غەربىي ئېتىگىدە — سۇنىڭ بويىدا،
لونا دېگەن قىز ياشار ئايدىنمۇ گوزەل.
ئېتىز ـ ئېرىق، ئوي ئىشىغا چۆۋەر ئىدى بەك،
چاڭ كەلتۈرۈپ بولبۇلدەك ئېيتاتتى غەزەل.



شامال بەكمۇ ئىللىق ـ يۇمشاق، ھاۋامۇ ئوچۇق،
ئو ئولاشقا چىقتى گېلاڭ تاغنىڭ باغرىغا.
كەلدى شۇ چاغ چوڭ بىر سۇمرۇغ ئۇچۇپ شۇ يەرگە،
چېپىنەپ ئاتتى گېلاڭ ئۇنىڭ دەل كوكسىگە.



سۇمرۇغ قۇشى مەجروھ بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى، گېلاڭمۇ ھەم قۇش كەينىدىن كەتتى ئالدىراپ.
مەيلى ئۇچۇپ كەتسەڭمۇ سەن ئاسمان قەھرىگە، بۇلۇتلارغا چىقارمەنمەن ئارقاڭدىن قوغلاپ.



قوللىرىدا ژىگنە-ژىپى لونا قىزنىڭ،
كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى ئىشىك ئالدىدا.
ئۇشتۇمتۇتلا بىر قۇش كېلىپ چۈشتى ئالدىغا،
قانات قېقىپ تىپىرلىدى جان ئاچچىغىدا.



«بۇ قايسى باتۇرنىڭ قىلغان ئىشىكەن،

بىر ئوق بىلەن بۇ سۇمرۇغنى ئېتىپ چۈشۈرگەن؟»

ئالقىشلىدى لونا قىز ئۇنى ئىچىدە،

دەل شۇ ۋاختتا گېلاگمۇ شۇ يەرگە كەلگەن.



قاراپ باقسا بۇ باتۇرياش ژىگىت ئىكەن،
بەستى بەكمۇ كىلىشكەن ئىگىزرەك بويلۇق.
گېلاڭ كېلىپ باش ئېگىپ تازىمۇ قىلدى —
ۋە سوراشتى قىز بىلەن تېچ-ئامانلىق.



يەرگە قاراپ تەبەسسۇملە تۇراتتى شوخ قىز،
تاپالماستىن ژىگىت ئۇچۇن ياخشىراق جاۋاپ.
ئىككى قوللاپ سۇمرۇغنى سۇنۇپ ياش ژىگىت،
تارتىنماستىن كەلدى ئەنە ئۇنىڭغا قاراپ.



«رەخمەت ساڭا ئەي ژىگىت سوغىتىڭ ئۈچۈن،
تەقتىم ساڭا مانا بۇ كەشتىلىك خالتا».
ساپ مۇھەببەت ئورناشقان قىز ۋۇجۇدىدا،
ژۇرەكسىرى سىلىنغلىق ئەشۇ خالتىدا.



شۇندىن باشلاپ ئىككىسى دايىما بىللە،
كەڭ دالا ھەم ئورماندا قىلاتتى سەيلە.
گىرەلىشىپ سۇ بويىدا ـ چىمەنزارلىقتا،
ناخشا ئېيتىپ، ئايغا ھەمرا ئۇلار ھەركېچە.



ئۇشتۇمتۇتلا تارالدى ئەنسىز بىر غوغا:
تاغ ئىچىدىن چىقىپتۇ يوغان ئەژدەرھا.
قاخشىتىپ ئۇ ھەممە ئەلنى قىپتۇ پىرىشان،
تەڭ كېلەلمەي ھېچ كىشى بولۇپتۇ سەرسان.



خەۋەر كەلدى شۇ ھامان تاغلاردىن ئېشىپ،
ئالدىرىدى گېلاڭمۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ.
«قاندىقمۇ چىدالىسۇن مېنىڭ ژۇرۇگۇم،
ئولىۋاتسا خەلقلەر ئاپەتكە ئۇچراپ»



قىلىچ ئاللى قولىغا، ئوقيانى ئاستى،
ژۇرەكلىرى گوياكى ئوت بولۇپ ياندى.
سەكرەپ مىنىپ ئېتىغا تىزگىنىنى باستى،
غەرپ تەرەپنى نىشان قىلىپ ئاتلاندى.



توختىدى گېلاك لونانىڭ ئىشىگى ئالدىدا،
قارشى ئالدى قىز چىقىپ ئۆينىڭ ئالدىدىن.
«جېنىم لونا! بالا بولدى ياۋۇز ئەژدەرھا،
قۇتقۇزىمەن ئەلنى چوقۇم ئەشۇ ئاپەتتىن»



ساپ كوكۆل قىز خوشال بولۇپ باتۇر گىلاگدىن،
تورۇق ئاتىنىڭ يايلىغا تاقتى بىر تال گۈل.
«سەن ئولتۇرۇپ ئەژدەرھانى ئەلنى قۇتقازغىن،
مەن ئۆزۈتاي تىلەپ ساڭا خەيرىيەتلىك يول».



كۆنمۈپېتىپ، گۆگۈم چۈشتى تۆيمىدى ئۇلار،
قول تۇتۇشۇپ قوش ژۈرەكلەر مېڭىشتى بىر ئاز.
يېشىلىپ كېتىپ قىز بويىدىن كۈمۈش ماجانلار،
تۇيۇقسىزلا «جىرىڭ» قىلىپ قالدى بىر ئاۋاز.



ياخشىلىقمۇ - يامانلىقمۇ، نىمە ئالامەت،
نىمە ئۇچۇن كۇمۇش ماجان ئۇزۇلۇپچۇشتى؟
قارىغاينىڭ ژىگىنىسىنى قەلەم قىلىپ قىز،
بىلىگىگە گىلاگىنىڭ سورىتىنى سىزدى.



سىزىپ ئالدى لونا قىزنىڭ گۈل جامالىنى،
گېلاگمۇ ھەم بىلىگىگە ژىگىنىنى سانچىپ،
سورۇغاندا گۈل چېچىگىنى ئۇنىڭ ئۇستىدىن،
ئاق بىلەكتە گۈل ئىزلىرى قالدى ئورۇن ئەپ.



سز دلپتۇ بلگمگە سورتڭ سينڭ،
سز دلپتۇ بلگگگە سورتم مينڭ؛
ناخشا ئېيتپ خوشال ئوتكەن مۇشۇ منۇتلار —
چن ژۇرەككە سزلسۇن هەر ئسككمزنڭ.



نۇرنى چاچتى قىزىل ئۇپۇق تاغنىڭ ئۈستىگە،
باتۇر گېلاڭ ئۇزاپ كەتتى ئۇزاق سەپەرگە.
لونا تۇرۇپ ئېگىز دوڭدە قولىنى شىلتىپ،
باتۇر غايىپ بولغان چاغدا قايتتى ئۆيىگە.



ئېگىز تاغلار، تىرەن سۇلار، ئورمانزارلىقلار،
ئارقىمۇ-ئارقا قېلىۋەدى گېلاك ئارقىدا.
ئوتتۇز ئالتى كېچە-كۈندۈز يول ماڭدى تىنماي،
تېخى ئەمدى كورۈنمەكتە تاغ ئاغزى ئاڭا.



مېڭىۋېرىپ تورۇق ئاتمۇ ئۇچقان قۇشتەك،
ئەژدەرھانىڭ ئۇگۇسغا بېرىپ يەتتى.
توپۇلۇككە چىقتى گېلاڭ ئوقيا قولىدا،
«ئەمدى زادى قاچالمايسەن مەندىن» — دېدى.



ئەژدەرھا ئاغزىنى ئېچىپ قىلدى خىرىس،
باتۇر گېلاڭ قورقماستىن ئۇزىنى تۇتتى·
دەللەپ تۇرۇپ ئەژدەرھانىڭ ئاتتى بېشىغا،
ۋەھشى ھايۋان جان ئاچچىغىدا غالجىرلاشتى·



گېلاڭ باتۇر چاپسان چىقىپ تاغنىڭ ئۈستىگە،
ئارقا-ئارقىدىن ئاتتى يەنە ئوقيانى ئوقلاپ.
زايا كەتمەي ھەر بىر تال ئوق تەگدى بېشىغا،
ئاقتى شۇئان مىڭسىدىن قانلار بولۇقلاپ.



جان تالاشتى ئەژدەرھا قاتتىق ۋاقىراپ،
ياغاچ-تاشلار قارسىلداپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى.
نالە قىلدى تىپىرلاپ زەھەرلىك ھايۋان.
جېنى ئۇنىڭ بىر پەستە تېنىدىن ئۇچتى.



ئۇراپ ئاللى ياش گېلاگنى نۇرغۇن كىشىلەر،
ياگراپ تاغلار ئارا ئالقىش ساداسى.
ناخشا ئېيتىپ، ئۇسۇل بىلەن زىياپەت،
ياش باتۇرنى ئېلىپ قاللماق - مۇددىئاسى.



باتۇر گىلاڭ ئۇنىمىدى ئۇندا قىلىشقا،
شەمشەر بىلەن كېسىپ ئاللەي ئەژدەرھا بېشىنى.
ئاخىر يەنە خوشلۇشۇپ قايتماقچى بولدى،
ئايلاندۇرۇپ ئۇردى ئاتقا باتۇر قامچىنى.



ئەژدەرھانىڭ كوزلرى خۇددى ماجانلەك،
ئۇزۇن - ئۇزۇن چشلرى كوپ تېپىلمايتتى.
گېلاڭ ئۇنى نەقشلەپ ماجانلار ياساپ،
تەقتىم قىلسام لوناغادەيتتى — ئويلايتتى.



يۇسەن تېغىنىڭ غەربىگە قايتىپ كەلدى ئۇ،
ئېگىز تاغلار، تىرەن سۇلار قالدى ئارقىدا.
لېكىن لونا چىقمىدى ئۇنىڭ ئالدىغا،
ئولتۇراتتى قېرى موماي ئىشىك ئالدىدا.



كەلگىنىنى كورگەندە باتۇر گېلاڭنىڭ،
كوزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى ئانا.
«سەپەر قىلىپ سەن كەتتىڭ ژىراق يەرلەرگە،
سېنى كۈتۈپ تەلمۈردى ھەركۈنى لونا».



«كېتىشۋېتىپ بىر كۇنى زالىم قاراقچى،
ئۇزىچىلا لوناغا كوز ساپتۇ دەرھال.
شۇ زاماتلا كوڭلىگە بىر شەيتان كىرىپ،
ئېۋەتىپتۇ بۇ ئۇيگە قېرى بىر دەللال».



«تويلۇغۇڭ ئۇن سەر كومۇش، ئۇن سەر ئالتۇن،
رازى بولساڭ جاۋاپ بەرگىن چىرايلىق قىز»·
«لونا كوڭلى سېتىلماس ئالتۇن- كۇمۇشكە،
خام چاغلىما جادۇگەر يوقال ئويىدىن تېز!»



«توكۇلگەندەك بولۇپ باشتىن بىر قاپاق سوق سۇ،
ئۇچلۇك بىلەن چىقىپ كەتتى ھېلىقى دەللال.
قاراقچىلار باشلىغى كىشىسىن باشلاپ،
يولسىزلارچە لوناغا سېلىشتى چاڭگال...»



ئانا تېخى تۈگەتمەستىن ئۆزىنىڭ سۆزىنى،
ئاچچىغىدا گېلىگىنىڭ تاتاردى يۈزى.
ئاتقا مىنىپ ئاتلاندى يەنە سەپەرگە،
قۇتۇلدۇرماق بولۇپ ئۆسۈيگەن يارىنى.



سۆيگۈ ئوتىدا ژۈرۈگى يالقۇنلاپ ياندى،
ئۈچ كېچە ھەم ئۈچ كۈندۈز توختىماي ماڭدى.
ئۈچ ئاچا يول ئۈستىدە بىر كولگە كېلىپ،
قېنىپ سۇدىن ئىچتى-دە، سوراپ قالدى:



«كوردىڭىزمۇ جان موما گوزەل لونانى،
قايسى زالىم ئېلىپ كەتتى ئۇنى قاياققا؟»
«ئىككى كوزى قان ياشقا تولغان لونا قىز،
قاراقچىلار قولىدا كەتتى جەنۇپقا».



مىندى گېلاڭ ئېتىغا چەبدەسلىك بىلەن،
ئاتنى راسا چاپتۇرۇپ يەنە يول ژۇردى.
ئۇچ كېچە-كۇندۇزدە كېلىپ ئۇچ ئاچا يولغا،
سۇ بويىدا بېلىقچى بوۋاينى كوردى.



ئۇسسۇزلۇقتا ياش گېلاڭ سەكرىدى ئاتتىن،
قېنىپ-قېنىپ سۈمۈردى شور تەملىك سۇنى ·
«كۆردىڭىزمۇ جان بوۋا گۈزەل لونانى،
قاراقچىلار ئېلىپ كەتتى قاياققا ئۇنى»·



قولى بىلەن ئېرىقنى كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ،
مۇنداق دېدى ئۇ بوۋاي گېلاگغا قاراپ:
«كۆز ياشلىرى ئۇ قىز نىڭ دەرياداك ئاققان،
ئەپ كېتىشتى غەرپكە لونانى زورلاپ».



ئاتقا مىندى ياش باتۇر بىردەم تۇرمىدى،
ئۈچ كېچە ھەم ئۈچ كۈندۈز ئۇچقاندەك ماڭدى.
ئۈچ ئاچا يول ئۈستىدە ئېتىز بويىدا،
ئىچىۋېرىپ شور سۇنى ژۇرەك قانمىدى.



«قۇلاق سېلىڭ ھەي ئاكا مېنىڭ سوزۇمگە،
كوردىڭىزمۇ لونا قىز كەتتى قاياققا؟»
«ئىككى كوزى لىپمۇ- لىپ ياش بىلەن تولغان،
قاراقچىلار ئېلىپ كەتتى ئۇنى سول ياققا».



ئىگىز تاغ ھەم ئورمانزارلار، سايلارنى بوسۇپ،
كەلدى گىلاڭ بەكمۇ چوڭقۇر دەريانى بېسىپ.
ئاخىر مانا كورۇپ قالدى بىر توپ ئادەمنى ،
كېتىپ بارار ئىدى ئۇلار لونانى ئېلىپ.



باتۇر گېلاڭ كورۇپ قالدى گوزەل لونانى،
دەر غەزەپتە ئوت تۇتاشتى ئۇنىڭ كوڭلىگە.
هالڭ-تاڭ قىلىپ يەر-جاھاننى ئۇنىڭ ئاۋازى،
بېسىپ كىردى ھەيۋەت بىلەن دۇشمەن ئىچىگە.



ئاڭلاپ تونۇش بۇ ئاۋازنى روھلاندى لونا،
ئوڭۇمۇ بۇ، چۈشۈمۇ ـــ دەپ قىلدى گۇمان.
ئەمدى ئۇنىڭ سۆيگەن يارى كوز ئالدىدا،
«قەبىھ زالىم بولاڭچىلار قالماس ئامان!»



ئىلگىرلەپ داۋاملىق ماڭدى ئالدىغا ،
ئېتىپ سادىقنى دۈشمەن توپىغا .
ئەگىشىپ يەردىن قىزنى بىر چاغ—
ئالدى ئاتنىڭ ئالدىغا .



قاراقچىلار باشلىغى ھۇدۇققىنىدىن ،
«بۇ نىمە بالا؟» دەپ قېتىپلا قالدى.
بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ،
«قوغلاش ئۇنى!» دەپ قىقاسىمۇ سالدى.



تورۇق ئات ئىشەنچلىك ئىدى گېلاڭغا،
ئۇچقاندەك چاپاتتى ھەر چاغ-ھەر قاچان.
لونا قىز گېلاڭنى قۇچاغلىدى چىڭ،
دىللارغا تولدى ئىسسىق ھاياجان.



چاڭ-توپا كوتۇرۇلدى ئاسمان-پەلەك،
قاراقچىلار كەينىدىن قوغلايتتى ھەدەپ.
بۇرۇلۇپ كەينىگە ئوق ئاتتى گېلاڭ،
دۈشمەنلەر ژىقىلدى ئوقتىن زەخمەيەپ.



بۇلاڭچىلار توختىماي قوغلاپ ئارقىدىن،
ئۇلۇشىگە قارىماي يېقىنلاپ قالدى.
ئاختۇرسا باتۇر گېلاڭ خالتىسى قۇرۇق،
ئوقىنىڭ تۈگۈگىنى بىلىنىپ قالدى.



قوٗچاغلاپ لونانى چاپتوٗردى ئاتنى،
توپ-توغرى يوٗسەنگە كەپقاللى توروٗق.
جاقىراپ شوٗملارنىڭ زالىم باشلىغى،
«توٗت ئوٗنى، ئولتوٗر!» دەپ چىقاردى بوٗيروٗق.



ئالدىدا ئىگىز تاغ يولنى توسغان،
كەينىدىن زالىملار قوغلايتتى تىنماي.
باتۇر گېلاڭ ئات چاپتى تاغنىڭ ئىچىگە،
تاغنىڭ يولى ئۇرۇشقا ئىدى بەك قولاي.



تاغ يوللىرى ئەگرى-توقاي مېڭىش بەك قىيىن،
لېكىن گېلاڭ تاپتى ئويلاپ ئىشنىڭ ئېپىنى:
تاشلىۋەتتى يەر ئۈستىگە ئىرغىتىپ بىردىن،
توساپ ئاللى دۈشمەنلەرنى ئەژدەرھا بېشى.



يول ئۈستىدە ئەژدەرھانىڭ زور بېشى،
پارقىراپ تۇرغان كوزىدىن چاچار نۇرىنى.
بۇ زور باش ئايلىنىپ يوغان بىر تاشقا،
توساپ قويدى دۈشمەنلەرنىڭ ماڭار يولىنى.



بۇ قاراقچى زالىملار كېلىپ قارىسا،
يوغان بىر تاش توسۇۋەپتۇ يولنىڭ ئاغزىنى،
«جەزمەن ئۇلار تاغ ئۆڭكۈرىگە موكۇۋالدى.
چاققان كىرىپ تېپىڭلار بۇ ئىككىسىنى!»



كىرىۋىلدى ئۆڭكۈرگە ھەممە قاراقچى،
«ھاپ» قىلىپلا ژۇمدى ئاغزىنى ئەژدەرھا.
بۇ قەبىھ بۇلاڭچى ھەم قاراقچىلار،
جان بېرىشتى شۇ زامان ئۇنىڭ ئاغزىدا.



تىك كوتۇرۇلگەن تاغ باغرىدا ئەژدەرھا بىشى،
چۇشمەس تاغدىن گىلاك بىلەن لونا ئىككىسى.
ئاق بۇلۇتلار ئوراپ ئالغان تاغنىڭ ئۇستىنى.
ياڭرار هامان تورت ئەتراپقا شاتلىق ناخشىسى.

بۇ كتاپ «چاۋخۇا سەنئەت» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1956 -
ژىلى ئاپرېلدا نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى
باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据朝花美术出版社1956年 4 月第1版第1次印刷版本譯出

كتاپ نومېرى: 1228(4)266

# گېلاڭ بىلەن لونا

خەلق چۆچەكلىرىدىن

ئۆزگەرتكۈچى: يەن بۇي.

رەسسام: جىڭ جياشىڭ.

تەرجىمە قىلغۇچى: قاسىم ئارشىپ.

تەرجىمىسىنىڭ مۇھەررىرى: ئى. مۇتىي.

كوررېكتورى: رىشىت ۋاھىدى.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىن گۇزىجىن 54 - قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن - 047».

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.

پەنلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1957 - ژىلى ئىيۇلدا بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1957 - ژىلى ئىيۇلدا بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

فورمات: 787 × 1092 $^{1}/_{48}$ م.م. ھەجمى: $1\frac{5}{12}$ باسما تاۋاق.

تىراژى: 1- 5000. باھاسى: 12 پۇڭ.

بىرلەشمە نومېرى: M 8049 ئۇيغۇرچە 71.

書號:1228(4)266

# 蟒头岩

（維吾尔文）

根据民間故事原作

严　玉改編

郑家声絵

哈斯木譯

木鉄意校訂

熱西提瓦依提校对

民族出版社出版

地址：北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠排版

北京印刷四廠印刷

新华書店发行

---

1957年7月北京第一版

1957年7月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/48　印張1 $\frac{8}{12}$

印數:1—5,000冊　定價:一角二分

統一書号：M8049·維71